«سۇر توشقان» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى

# قارىغۇ چاشقاننىڭ بورەڭگىسى

# 小鼹鼠的土豆



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

«سۈر توشقان» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى
灰灰兔绘本系列

# قارىغۇ چاشقاننىڭ بەرەڭگىسى

# 小鼹鼠的土豆

تەرجىمە قىلغۇچى: ئوسمانجان مۇھەممەد



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

يەر ئاستىدا بىر سەرگەردان قارىغۇ چاشقان ياشايدىكەن. سەرگەردانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بارمىكىن دېسە خۇددى پۈتۈن دۇنيا شۇلارنىڭكىدەك، يوق دېسە ھېچنېمىسى يوقتەك ئىكەن.

地底下有一只流浪的小鼹鼠。对于流浪的人来说,好像拥有着全世界,又好像什么也没有。




N
W
E
S





قارىغۇ چاشقانلار يەر ئاستىدا تىنىم تاپماي ئورەك كولاپ، قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئىزدەش بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. بىراق قارىغۇ چاشقاننىڭ ھەمىشە تەلىيى كەلمەي، ھېچنېمە تاپالمايدىكەن.

鼹鼠们的生活就是在地下不停地挖洞，寻找着各种各样的宝贝，但小鼹鼠的运气总是很不好，他什么也没找到过。



لېكىن ئۇ يەنىلا گۈرجەكى بىلەن تۇپا ـ تاشلارنى قېزىشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ. تاراق ـ تاراق قىلىپ ئالدىغا قاراپ مېڭىۋېرىپتۇ. «ھامان بىرگۈنى چوقۇم بىرنەرسە تاپالايمەن» دەپتۇ ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ: ئۆز ـ ئۆزىگە «بەلكىم تېخى شۇ تاپقان نەرسەمنى ئېلىپ، سۆيۈملۈك قارىغۇ چاشقان قىزچاقنى كۆرگىلىمۇ بارارمەن».

可他还是不停地用铲子击碎泥土和石块,啪嗒,啪嗒,挖着通向前方的路。“总会找到些什么吧。”他笑着对自己说,“也许我还能带着它去见亲爱的鼹鼠姑娘呢。”

«ئاپلا، تاسلا قالدىم!» ئۇ بىركۈنى تۇيۇقسىز توختاپ قاپتۇ. كۆز ئال-
دىدا بىر دانە كىچىككىنە بەرەڭگى تۇراتتى. قارىغۇ چاشقان ئۇنى قولىغا
ئالغاندا خۇددى بەرەڭگىنىڭ سەل - پەل تىترەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان-
دەك بوپتۇ. ئاجايىپ ئىش!

“哎呦！差一点儿！”一天,他突然停了下来。眼前有一颗小小的土豆。小鼹鼠把它握在手里,仿佛能感觉到小土豆在微微颤动。奇妙啊!





«بەلكىم مەن سەرگەردانلىق تۇرمۇشۇمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، بىر دېھقان بولۇپ قالارمەن.» قارىغۇ چاشقان بەرەڭگىنى ئاستاغىنا سىلاپتۇ. ئۇ تۇنجى قېتىم بىرنەرسىنىڭ ئۆزىگە تەۋە بولغانلىقىنى ھېس قىپتۇ. كىچىككىنە ئۈمىد ئۇنىڭ قەلبىنى ھاياجانلاندۇرۇۋېتىپتۇ.

“也许,我该结束流浪的生活,做一个农夫。”小鼹鼠轻轻地抚摸着小土豆,第一次,他感到有一样东西属于自己了,一个小小的希望在他心里悄悄鼓胀了起来。



شۇنىڭدىن تارتىپ، قارىغۇ چاشقان بەرەڭگىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ قاپتۇ، ئۇ ھەر كۈنى كىچىك بەرەڭگىنى بىرنەچچە قېتىم سۇغىرىپ ھەم ئىنچىكىلەپ تۇپىسىنى بوشىتىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ كىچىك بەرەڭگىسىنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدۇ ـ ھە!

从此,小鼹鼠就在他的土豆旁边住了下来,他每天都为土豆浇好几遍水,还细心地松松土。他是多么地喜欢自己的小土豆啊!

شۇنچە كەچ بولۇپ كەتسمۇ، ئۇنىڭ يەنىلا چىراغنى ئۆچۈرگۈسى كەلمەپتۇ، ياندۇرۇپتۇ، ئۆچۈرۈپتۇ، يەنە ياندۇرۇپتۇ، يەنە ئۆچۈرۈپتۇ، كىچىك بەرەڭگىسىنى كۆپرەك كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىپتۇ. «بۇ دېگەن مېنىڭ بەرەڭگىم!» قارىغۇ چاشقان شۇنداق دەپ كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۇخلاپ قاپتۇ.

甚至到了晚上,他也忍不住关了灯,又打开,再关,再打开,为的是可以多看几眼自己的小土豆“这可是我的小土豆啊!”小鼹鼠笑着笑着就睡着了。



بىر كۈنى قارىغۇ چاشقان بەرەڭگىنى سۈرتۈۋاتقاندا، تۇيۇقسىز گۈپپۈرلىگەن قەدەم ئاۋازىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. ئەسلىدە بىر توپ قاسراقلىق قۇرتلار كېلىۋاتقانىكەن.

قاسراقلىق قۇرتلار بىردەمدىلا بىر توپ قېرى دەرەخنىڭ يىلتىزىنى يەپلا قالماي، يەنە نېمىنى كۆرسە شۇنى يېگىلى تۇرۇپتۇ.



一天，小鼹鼠正在帮土豆擦身子，突然听到一阵轰隆隆的脚步声。一大群甲壳虫冲了过来！

甲壳虫能在片刻之间啃光一棵老树的根，而且他们见什么就吃什么。





«يوقلش، بۇ مېنىڭ بەرەڭگەم!» قارىغۇ چاشقان ۋارقىراپتۇ. بىراق قاسراقلىق قۇرتلار ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىماپتۇ، ئۇلار خۇددى بىر توپ مېڭىسى يوق قىرىش ماشىنىلىرىدەك ئېتىلىپ كەپتۇ.

“走开！这是我的土豆！”小鼹鼠大叫起来。然而甲壳虫一点儿也不听，他们好像一群没有脑子的咬噬机器，一个劲地冲过来。







قارىغۇ چاشقان تۆمۈر گۈرجەكنى قولغا ئېلىپ، خۇددى ئۆز ئېتىزىنى قوغداۋاتقان دېھقانغا ئوخشاش باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇشقا تەييارلىنىپتۇ.

داڭ! داڭ! داڭ! قاسراقلىق قۇرتلارنىڭ بېشى ھەقىقەتەن قاتتىق ئىكەن! ئۇرۇۋېرىپ گۈرجەكمۇ يېرىلىپ كېتىپتۇ. لېكىن قارىغۇ چاشقان يەنىلا جېنىنىڭ بارىچە ئۇرۇۋېتىپتۇ.

بىر مەيدان كەسكىن جەڭ ئارقىلىق قاسراقلىق قۇرتلار ئاخىر سالپىيىشقان پېتى چېكىنىپتۇ.

小鼹鼠拿起铁铲战斗，像个保护自己田地的农夫一样勇敢。当！当！当！甲壳虫们的脑袋还真是硬呢！铁铲都裂开了小口，小鼹鼠还在拼命地打。

一场恶斗，甲壳虫们终于灰溜溜的逃跑了。









قارىغۇ چاشقان يەنىلا خاتىرجەم بولالماپتۇ، ئۇ قورۇق تام سېلىپ كىچىك بەرەڭ-
گىنى قوغدىماقچى بوپتۇ. كىچىك بەرەڭگى ئاخىر بىخەتەر چوڭ بوپتۇ، بۇنىڭدىن
كىچىك قارىغۇ چاشقانمۇ ناھايىتى خۇشال بوپتۇ. ئۇ ۋارقىراپ تۇرۇپ: «ياخشى! مانا
ئەمدى چىرايلىق قارىغۇ چاشقان قىزچاقنى كېلىپ كۆرۈشكە تەكلىپ قىلاي!» دەپتۇ.

小鼹鼠还是不放心，他决心造一堵大围墙来保护他的土豆。

小土豆终于安全地长大了，小鼹鼠高兴极了。他大声说：“好了！现在可以请我的鼹鼠姑娘来看了！”。





قارىغۇ چاشقان قىزچاقنىڭ ئۆيىگە نۇرغۇن قارىغۇ چاشقانلار كەپتۇ. ئۇلارنىڭ ئە-
چىدىكى ئالماس كولىغانلىرى ئالماس، بەزىلىرى ئالتۇن، يەنە بەزىلىرى نېفىت ئېلىپ
كەپتۇ.

鼹鼠姑娘的家里来了许多的鼹鼠。他们中有的挖到了钻石矿,就带来了钻石,有的带来了黄金,还有的带来了石油。


X
J
K
OIL



كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىپ، كىمنىڭ ئېلىپ كەلگەن نەرسىسىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇنازىرىلىشىۋاتـ قاندا، تۇيۇقسىز گۈلدۈر قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ تامدا بىر تۆشۈك پەيدا بوپتۇ.

正在大家吵吵嚷嚷地争论谁的东西更有价值一些时，突然，轰隆一声，墙壁上出现了一个大洞。

تۆشۈكتىن چىققىنى بىر قارىغۇ چاشقان ئىكەن. ئۇ ناھايىتى خۇشال ھالدا ئىككى قولىنى كېرىپ، خۇددى بىر يەرنى ئۆلچەۋاتقاندەك تۇرۇپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ قولىدا ھېچنېمە يوق ئىكەن.

洞里出来的是一只小鼹鼠。他满脸的快乐，两手撑开，似乎在比画着这一个尺寸。可是，他手里什么也没有。





«زادى قانداق نەرسە ئۇ، سۆيۈملۈك كىچىك چاشقان؟» قارىغۇ چاشقان قىزچاق قىزىقىپ سوراپتۇ.

«مەن ئۇنى ئېلىپ كەلمىدىم» دەپتۇ قارىغۇ چاشقان ئەنسىزلىك بىلەن، «چۈنكى ئۇنىڭ جېنى بار. ئۇ دېگەن چوڭ بىر بەرەڭگى!»

ئەتراپنى جىمجىتلىق قاپلاپتۇ. قارىغۇ چاشقانلار قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەيلا قاپتۇ. ئۇ نېمە دەيدۇ؟ بەرەڭگى؟



“到底是什么呀，亲爱的小鼹鼠？”鼹鼠姑娘好奇地问。

“我没有把它带来，”小鼹鼠有些不安地说，“因为它是有生命的。一颗这么大的土豆！”

一片安静，鼹鼠们个个以为耳朵出了毛病。他说什么？土豆？







خۇددى بۇ كىچىك سولتەك ئويۇن قويۇۋاتقاندەك، ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.

终于,大家都怪笑起来,好像这是一个小丑在表演节目。





قارىغۇ چاشقان قىزچاق ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا قارىغۇ چاشقاننىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە ئەپسۇسلىنىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئاستاغىنا: «ھەي! سەن نېمىشقا ھەمىشە مۇشۇنداق قىلىـ سەن؟ قارا، ناھايىتى بىر ئادەتتىكى بەرەڭگىكەنغۇ؟» دەپتۇ.

قارىغۇ چاشقان ئاخىر چۈشىنىپتۇ. ئۇ كۈلكە ئىچىدە ئاستاغىنا ئۇرەككە كىرىپ، ئۇرەكنىڭ ئېغىزىنى ئېتىۋېتىپ، قاپقاراڭغۇ يەر ئاستىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

鼹鼠姑娘失望地走到鼹鼠身边，轻轻叹着气对他说：“唉！为什么你总是这样？你瞧，不就是一颗不起眼的土豆吗？”

小鼹鼠终于明白了。他悄悄地在笑声中退回洞里，悄悄地填上洞口的土，悄悄地消失在黑暗的地底下。

بەرەڭگى باشقىلارنىڭ ئۈمىدكە تولغان ياكى ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىگە پەرۋا قىلماپتۇ. ئۇ پەقەت چوڭ بوپتۇ، توختىماي چوڭ بوپتۇ. ئۇ چوڭ بولغانسېرى بىلىپ - بىلمەي قارىغۇ چاشقاننىڭ بېشىنىڭ ئىككى ھەسسىسىدىنمۇ چوڭ بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ قارىغۇ چاشقاننىڭ ئالدىدا خۇددى غادىيىپ تۇرغان گىگانت ئادەمگىلا ئوخشاپ قاپتۇ.

土豆是不管人是满怀希望还是失望的。它只是生长，继续不断地生长。它越长越大，在不知不觉中已长得高过小鼹鼠两个头，浑身沾满了泥土和石子。它站在小鼹鼠面前，像个骄傲的巨人。





قارىغۇ چاشقان ھاڭۋىققىنىچە بەرەڭگىسىگە قاراپتۇ ۋە كۆڭلى يەنە يايراپ كېتىپتۇ.
بۇ مېنىڭ بەرەڭگەم، باشقىلارنىڭ قانداقلا قارىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ يەنىلا مېنىڭ ئۈمىدىم.
ئۇنىڭ بارلىق جاسارەت ۋە خۇشاللىقلىرىنىڭ ھەممىسى يەنە قايتىپ كەپتۇ.

小鼹鼠呆呆地望着它，望着自己的土豆，他的心又开始怦怦跳起来。
这是我的土豆，不管别人怎样看它，它仍是我的希望。
一切的勇气与欢乐又回到了小鼹鼠的身体中。



قارىغۇ چاشقاننىڭ كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن، بەرەڭگى نا-
ھايىتى تېز چوڭ بوپتۇ، ئۇنىڭ ئۈمىدىمۇ بارغانسېرى كۈچىيىپتۇ.

土豆在小鼹鼠的精心护理下,越长越大,小鼹鼠的希望也越来越茁壮。



بىركۈنى، قارىغۇ چاشقان بەرەڭگىنى سۇغىرىۋاتقاندا، بەرەڭگى تۇيۇقسىز تەۋرەپ كېتىپتۇ، خۇددى ئۇنىڭغا جان كىرىپ قالغاندەك، ئۆزى مىدىرلاپتۇ.

قارىغۇ چاشقان ھاڭۋېقىپ، كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىۋاتقان شۇ پەيتتە، «ۋارس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بەرەڭگى بىردىنلا يەردىن ئايرىلىپتۇ. قارىغۇ چاشقانمۇ بەرەڭگىنىڭ يىلتىزىغا ئېسىلىۋېلىپ، يەر يۈزىگە بىللە چىقىۋاپتۇ.

一天,小鼹鼠正在为土豆浇水,土豆却突然摇晃起来,仿佛自己会动了,变活了!

小鼹鼠正目瞪口呆的时候,噗的一声,土豆一下子离开了地里。小鼹鼠忙跳上去拉住须根,他也一起被带到了地面。







ئەسلىدە بىر دېھقان بەرەڭگىنى يۇلغانىكەن.
«بۇ مېنىڭ بەرەڭگىم! قويۇۋەت! بۇ دېگەن مېنىڭ!» قارىغۇ چاشقان قاتتىق ۋارقىراۋاتاتتى.
«ياق! بۇنى مەن تېرىغان. قارا، بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ!» دېھقان قارىغۇ چاشقانغا چۈشەندۈرۈپتۇ.
راست، دېھقاننىڭ يېنىدىكى بىر نەچچە چوڭ سېۋەتنىڭ ئىچىدە لىق بەرەڭگى تۇراتتى.



原来是一个农夫在拔土豆呢。
“这是我的土豆！放开！这是我的！”小鼹鼠大声叫道。
“不！这是我种的。你瞧，这片田地里的全是！”农夫说。
真的，农夫脚下放着几个大筐，里面全是土豆。



ئەمدى بۇ يەردە پەقەت يې-
گانە قارىغۇ چاشقان ۋە يەر
يۈزىدىكى بىر قۇرۇق ئورەكلا
قالغاندى.

现在，只剩下孤零零的小鼹鼠和地上一个个空空的坑。

قارىغۇ چاشقان ئازابلانغۇدەك ئىش بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئازابلانماپتۇ.

ئۇ تۇغۇلغاندىن بېرى تۇنجى قېتىم كۈن نۇرىغا قاقلىنىپ، قۇياش نۇرى ئاستىدىكى گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخ، ئوت - چۆپلەرگە قاراپتۇ. ئۇ تىپتىنچ تۇرۇپ قاراپتۇ، يەنە قاراپتۇ...

تۇساتتىن، ئۇ يەنە كۈلۈمسىرەپتۇ ۋە ئاستاغىنا ئۆز - ئۆزىگە: «چوقۇم بىرنەرسە تا-پالايمەن، بەلكىم كېلەركى قېتىمدا» دەپتۇ.

小鼹鼠觉得现在应该痛哭,然而他没有。

他生来第一次来到阳光底下,看着太阳照耀下的一切花朵、树木,草地。他安静地望着,望着……

突然,他又微微笑了起来,轻轻地对自己说:“总会找到些什么吧? 也许,就在下一次。”。



بۇ كىتاب ئەتە نەشرىياتىنىڭ 2012 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى ، 2014 ـ يىلى 3 ـ ئاي 10 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据明天出版社 2012 年 2 月第 1 版，2014 年 3 月第 10 次印刷版本翻译出版。

**پىلانلىغۇچى:** يۇ ۋېنشېڭ
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ھۆرىيەت نىياز
**گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى:** ئازات بارات
**بەت لايىھەلىگۈچى:** جۈرئەت ھاشىم

**قايتا تەكشۈرگۈچى:** تۇرغۇن تۇنىياز
**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** ياسىن ئوبۇلقاسىم
**باسما مەسئۇلى:** لىيۇ ۋېييۇ

**«سۈر توشقان» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى**

# قارىغۇ چاشقاننىڭ بەرەڭگىسى

**تەرجىمە قىلغۇچى:** ئوسمانجان مۇھەممەد

---

**نەشر قىلغۇچى:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 830026
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**تور دۇكىنى:** داڭ داڭ، جىڭدۇڭ، ئامازون، تاۋباۋ، تيەنماۋ، دۇدۇ، تاۋباۋ . شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى
**بەت ياسىغۇچى:** شىنجاڭ «ئوقۇ» سەرخىل كىتابلار تور نەشرىياتچىلىقى چەكلىك شىركىتى
رەقەملىك مەتبەئە مەركىزى
**باسقۇچى:** بېيجىڭ شىنخۇا مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**فورماتى:** 1092 × 787 مىللىمېتىر، 1/16
**باسما تاۋىقى:** 2.5
**نەشرى:** 2014 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2016 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 5469 - 3744 - 1
**باھاسى:** 13.60 يۈەن

---

**تور نەشرى:** دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)
**تور كىتابخانىسى:** تاۋباۋ تورى، شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

图书在版编目（C I P）数据

小鼹鼠的土豆：维汉对照 / 新疆师范大学美术系动漫专业组编绘;吾斯曼江·木合麦提译. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社, 2014.12
（灰灰兔绘本系列）
ISBN 978-7-5469-3744-1

Ⅰ. ①小… Ⅱ. ①新… ②吾… Ⅲ. ①儿童文学－图画故事－中国－当代 Ⅳ. ①I287.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2014)第 298528 号

策　　划：于文胜
责任编辑：吾尔亚提·尼亚孜
美术编辑：阿扎提·巴拉提
装帧设计：桔热提·阿西木
责任复审：吐尔洪·吐尼牙孜
责任决审：亚森·吾不力哈斯木
责任印制：刘伟煜

书　　名　灰灰兔绘本系列 —— 小鼹鼠的土豆（维汉对照）
译　　者　吾斯曼江·木合麦提
出　　版　新疆美术摄影出版社（www.xjdzyx.com）
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路 5 号（邮编 830026）
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
网　　购　当当网、京东商城、亚马逊、淘宝网、天猫、读读网、淘宝网·新疆旅游书店
制　　版　新疆读读精品网络出版有限公司数字印务中心
印　　刷　北京新华印刷有限公司
开　　本　787 mm × 1092 mm　1/16
印　　张　2.5
版　　次　2014 年 12 月第 1 版
印　　次　2016 年 3 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5469-3744-1
定　　价　13.60 元

网络出版　读读网（www.dudu-book365.com）
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店（http://shop67841187.taobao.com）

مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى : ئازات بارات



ISBN 978-7-5469-3744-1

定价: 13.60元